# ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش 100 يىللىق شانلىق نەتىجىلەرنى قەدىرلەش

(بېشى 1-بەتتە)

خەتەرلىك، جەددىي پەيتتە، ئەسلى مەقسەت، خىسلەت تېخىمۇ نامايان بولىدۇ.

2020-يىلى، يۇقۇم، كەلكۈننىڭ كەسكىن خىرىسى ئالدىدا، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان، ۋاقتىلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

2020-يىلى 9-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 186 نەپەر كوممۇنىستك پارتىيە ئەزاسىغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستك پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىشنى، 14 نەپەر كوممۇنىستك پارتىيە ئەزاسىغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستك پارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىشنى، 150 ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىغا «مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى.

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستك پارتىيەسى ئىگە بولغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك رەھبەرلىك كۈچى جۇڭگو خەلقىنىڭ بوران-چاپقۇن ھۇجۇم قىلغان چاغدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچى.» تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر ئىلھامىنى مۇشۇنداق خۇلاسىلىدى.

چوڭ جەڭ، چوڭ سىناق قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىلغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق.

يۇقۇم يۈزبەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان-مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېنىق تەكىتلىدى.

«لۇ شۇجى»نىڭ داڭقى چىقتى!

ئولتۇراق رايونىغا كىرگەندە تىزىملىتىشقا ماسلاشمىدى، يەنە «لۇ شۇجى»غا تېلېفون قىلدى، نەتىجىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلىرى تەرىپىدىن تەنبىھ بېرىلىپ قايتۇرۇۋېتىلدى — 1-ئاينىڭ 13-كۈنى، دالىيەن شەھىرىدىكى ھەلۇم كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ چېنمىڭنىڭ «مۇناسىۋەت ئىزدەش» توغرىسىدىكى سىن تورداشلار ئارىسىدا قىزغىن مۇنازىرە قوزغىدى.

بۇ ئىش يۈزبېرىپ ئىككىنچى كۈنىلا، دالىيەن شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋاڭ چېنمىڭغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى، «لۇ شۇجى» لۇ شيەنباۋغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولغاندىلا، ئاندىن قاتتىق جەڭ قىلغىلى بولىدۇ. 2020-يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا، خۇبېيدىلا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىدە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ۋە بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدىن 14 مىڭ 534 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 15 مىڭ 509 ئادەم بىر تەرەپ قىلىندى.

قىلچە يول قويماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە ئىستىلى تۇراقسىز بولغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى پارتىيەمىزنىڭ خەۋپ-خەتەر، خىرىس ئىچىدە ئۆز قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ئىرادىسى، غەيرىتى ۋە ئاڭلىقلىقى، ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچىنى نامايان قىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسى قەيەردە بولسا، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىمۇ دەل شۇ يەردە.

«ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك». 2020-يىلى 1-ئايدا ئېچىلغان 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى»نى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئىستىلدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، يېڭى دەۋردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۇلۇغ غەلبىسى قوغدالدى ——

2020-يىلى 4-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكلىۋازلىق مەسىلىلىرىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2019-يىلنى «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇدا ئىككىنچى يىلى شەكلىۋازلىقتىن ئىبارەت جاھىل كېسەلنى تۈزىتىش توغرىسىدا چىقارغان مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسى ھېسابلىنىدۇ.

تۆت يىل ئىلگىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى 2018-يىلدىن 2020-يىلغىچە ئۈچ يىل داۋاملىشىدىغان نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

2020-يىلى 1-ئايدىن 11-ئايغىچە، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كۈچلۈك بولمىغان 9554 پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈردى؛ نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىدىن 56 مىڭ 900نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 85 مىڭ ئادەمگە تەنقىد-تەربىيە قىلىپ ياردەم قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىڭ 700 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بەردى.

كەسكىن نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئامما ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەقىقىي ھەل قىلىنىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇلدى.

قەتئىي تۈردە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە زەربە بېرىپ، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇپ، خەلق ئاممىسىنى تولۇپ تاشقان بەختىيارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ——

2020-يىلى 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، باشقىچە قىياپەتتىكە كىرىۋېلىپ قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يۈرۈپ كۆپ يىلدىن كېيىن، سۇن شياۋگوغا يۈننەن كۈنمىڭدا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى «مۇھاپىزەت كۈنلۈكلىرى»مۇ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش كۈچلۈك ھۇجۇمدا يوقىتىلدى.

2020-يىلى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى ئۈچ يىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يەلىغا قەدەم قويدى.

يۈننەندىكى سۇن شياۋگو دېلوسى، خۇنەن شىنخۇاڭدىكى «تەنتەربىيە مەيدانىغا جەسەت كۆمۈپ قويۇش دېلوسى»، خېيلۇڭجياڭ خۇلەندىكى «تۆت چوڭ جەمەت»نىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلوسى، خېنەن چاڭجياڭدىكى خۇاڭ خۇڭفا جەمەتىنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلوسى... 2020-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ھەم «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» دېلوسىدىن 81 مىڭ 366سى دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 97 مىڭ 802 ئادەم بىر تەرەپ قىلىندى، خەلق ئاممىسى كونكرېت دېلو مەسىلىلىرىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدى.

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە.

ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىلدا، مەيلى بوران-چاپقۇندىكى ئاۋانگارتلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولسۇن ياكى ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى قوغداشتا بولسۇن، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ھەر قېتىملىق «ئىمتىھان سىنىقى» ۋە «مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈش»تە ئەلا جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش

بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى لى ۋېي پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى، خېنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۇڭ پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ گوچياڭ پارتىيەدىن قوغلاندى...

1-ئاينىڭ 11-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەز باشقۇرىدىغان ئۈچ كادىرغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى چىقاردى. يېڭى يىل كىرىپ قىسقىغىنا 11 كۈندە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەز باشقۇرىدىغان يەتتە كادىرنى جازالاش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى زىچ چىقىرىپ، يېڭى بىر يىللىق «يولۋاس»قا زەربە بېرىش خىزمىتىنىڭ قاتتىق سىگنالىنى ياڭراتتى.

پارتىيە 19-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى قىممەت ئىدىيەسى، نىشان يۆنىلىشى، ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىش تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا يېڭى تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى.

— «ئۈچنى قىلماسلىق» بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ ئالغا سىلجىتىلىپ، چىرىكلىكنى تۈزەش ئۈنۈم ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

2020-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەتىگەندىلا، بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونىغا جايلاشقان جۇڭگو كوممۇنىستك پارتىيەسى بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. زالغا كىرگەندە، «شەھەر بويىچە ‹دېلو ئارقىلىق ئىبرەت ئېلىش، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش› ئىبرەت تەربىيەسى يىغىنى» دېگەن ئون نەچچە چوڭ خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

«سىز كوممۇنىستك پارتىيەنىڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىز ئوغرىغا ياردەملىشىپ ئۆز ئۆيىڭىزنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغانلىق ئەمەسمۇ؟» يىغىندا قويۇلغان ئىبرەت تەربىيە فىلىمىدە شۈنيى رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق شۇجىسى ۋاڭ گاڭ پۇشايمانىنى ئالدىدىن قاچا تاپالماي قالغانىدى.

ئىلگىرىكى پارتىيەلىك كادىر بۈگۈنكى كۈندە سەلبىي تىپقا ئايلاندى. فىلىمنىڭ باش-ئاخىرىدىكى سېلىشتۇرما پەرقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى نەق مەيداندىكى ۋە سىن شەكلى ئارقىلىق يىغىنغا قاتناشقان 13 مىڭدىن ئارتۇق يولداشنى چوڭقۇر تەسىراتقا ۋە تەربىيەگە ئىگە قىلدى.

چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى بولۇپلا قالماي، يەنە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئىبرەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دەل «ئۈچنى قىلماسلىق»نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك تۇتقا.

«قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا چىڭ تۇرۇلۇپ، قاتتىق جازالاشتىن ئىبارەت بۇ قول ھەرگىز بوشاشتۇرۇلماي، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان چۆچۈتۈش سىجىل قويۇپ بېرىلدى.

2020-يىلى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەز باشقۇرىدىغان 18 كادىرنىڭ قاراپ چىقىلغانلىق-تەكشۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئېلان قىلدى، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاڭ جىنەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مىنىستىر سۇن لىجۈن قاتارلىق بىر تۈركۈم «يولۋاس» ئارقا-ئارقىدىن موللاق ئاتتى. يۇقۇم قاچقۇنلارنى تۇتۇش قەدىمىنى توسۇپ قالالمىدى، 2020-يىلى 1-ئايدىن 11-ئايغىچە، «ئاسماندا تور 2020» ھەرىكىتىدە چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن 1229 ئادەم قايتۇرۇپ كېلىندى، 2 مىليارد 445 مىليون يۈەن زاڭ پۇل قايتۇرۇپ كېلىندى.

قاراپ چىقىش-تەكشۈرۈشنىڭ «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلىرى» ياخشى قىلىنىپ، چىرىكلىشەلمەيدىغان تۈزۈم قەپىسى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىلدى، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان ئىدىيە ئاڭلىقلىقى مۇستەھكەملەندى.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەز باشقۇرىدىغان كادىرلارنىڭ ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەت دېلولىرىغا قارىتا «بىر دېلونى بىر خۇلاسىلەش» تۈزۈمىنى ئورناتتى؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تەكلىپنامىسى تۈزۈپ تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، بىر دائىرىگە ئىبرەت بەردى، بىر رايوننى تۈزدى؛ پاكلىق تەربىيەسى ۋە پاكلىق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئارقىلىق غايە-ئېتىقاد، ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

2020-يىلى 1-ئايدىن 9-ئايغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى «تۆت خىل ھالەت»نى قوللىنىپ، جەمئىي 1 مىليون 330 مىڭ ئادەم قېتىم تەنقىد-تەربىيە قىلىپ ياردەم بەردى ۋە بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-خىل ھالەت قوللىنىلىپ تەنقىد-تەربىيە قىلىپ ياردەم بېرىلگەنلەر ئومۇمىي ئادەم قېتىمنىڭ 69.8%نى ئىگىلىدى. «يۈزنى قىزارتىپ تەرلىتىش»تىكى بالدۇر تۇتۇش، كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇش خىزمىتى ئارقىلىق پۇختا بولغان «چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»نىڭ مۇداپىئە سېپى مۇستەھكەملەندى.

— «تۆت تۈرلۈك نازارەتچىلىك» بىرتۇتاش پىلانلىنىپ جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1-ئاينىڭ 4-كۈنى، يېڭى يىلدىكى تۇنجى خىزمەت كۈنىدە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەز باشقۇرىدىغان تۆت كادىرغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

«موللاق ئاتقان» بۇ تۆت «يولۋاس»نىڭ ئىككىسى جۇڭگو ئاشلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ سابىق باش بوغالتىرى لو جياماڭ، سابىق جۇڭگو كېمىسازلىق ئېغىر سانائەت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى خۇ ۋېنمىڭ بىردەك مەركەزنىڭ كۆزىتىشىدە بايقالغان مەسىلە يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

ھازىرغا قەدەر، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆزىتىش بىلەن تولۇق قاپلاش ۋەزىپىسىنى تاماملاش نىسبىتى 70%تىن ئاشتى. 2020-يىلى 12-ئايدا «كۆزىتىش-تەكشۈرۈشتە يۇقىرى-تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» بېسىپ تارقىتىلىپ، كۆزىتىش-تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت «قوش شەمشەر بىرلەشتۈرۈلۈپ»، يۇقىرى-تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان خىزمەت ئەندىزىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۈنىۋېرسال نازارەت قىلىش ئۈنۈمى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

مەركەز باشقۇرىدىغان 51 كارخانىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى ياكى رېۋىزىيە مەخسۇس خادىمى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى رېۋىزىيە ھوقۇقى بەردى؛ مەركەز باشقۇرىدىغان 15 پۇل مۇئامىلە كارخانىسىغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى تۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى؛ مەركەز باشقۇرىدىغان 31 ئالىي مەكتەپتىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئالىي مەكتەپ پارتىيە كومىتېتى ۋە پارتىيە تەشكىلاتى مۇناسىۋەتلىك تۇرۇشلۇق جايدىكى يەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ ئۆلكە، شەھەر ئىككى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىلىرىنى تۇرۇشقا ئەۋەتتى... تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، تۇرۇشقا ئەۋەتىپ نازارەت قىلىشنىڭ «كۆزەتچىلىك» رولى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك نازارەتچىلىككە قويغان يېڭى تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇش، ماس يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام بويىچە نازارەت قىلىش، رېۋىزىيە بويىچە نازارەت قىلىش، تۇرۇشقا ئەۋەتىپ نازارەت قىلىش، كۆزىتىپ نازارەت قىلىشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «تۆت تۈرلۈك نازارەتچىلىك» ئارىسىدىكى ئۇچۇر، بايلىق، كۈچ، ۋاسىتە، نەتىجىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، نازارەتچىلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

— تۈزۈم سىستېمىسى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

2020-يىلى 8-ئاينىڭ 10-كۈنى، 13-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21-قېتىملىق يىغىنىدا دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، قاچقۇنلارنى تۇتۇش، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. بۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۇنجى قېتىم دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىشى.

ئاساسىي قانۇن، رېۋىزىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، قانۇن-بەلگىلىمە بويىچە، ھەر دەرىجىلىك رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىشىغا پۇختا، تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇندى، بۇ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇنچىلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

2020-يىلى 7-ئايدا، خېبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاڭ جېگە ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىلىپ، تۆتىنچى دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى بويىچە ئۇنىڭ پېنسىيە تەمىناتى بېكىتىلدى، ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىندى.

بۇ، تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغان مەمۇرىي جازا بېرىش قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە تەتبىقلىنىپ جازا بېرىلگەن مەركەز باشقۇرىدىغان كادىرنىڭ دېلو مىسالى.

2020-يىلىغا نەزەر سالساق، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي جازا بېرىش قانۇنى» «ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ پاش قىلىش، ئەرز قىلىشنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت قائىدىسى» «جۇڭگو كوممۇنىستك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە قانۇن-نىزام، تۈزۈم سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەندى.

### ئىنقىلابنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىش

«جاۋابكار لەي شياۋمىنغا پارا ئېلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەم شەخسىي مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىش ھۆكۈمى چىقىرىلدى...»

1-ئاينىڭ 5-كۈنى، تيەنجىن شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى خۇارۇڭ شىركىتىنىڭ سابىق باش مۇدىرى لەي شياۋمىننىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قوش ئۆيلىنىش دېلوسىغا ئاشكارا ھۆكۈم چىقاردى، 1-سوتتا لەي شياۋمىنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆكۈم قىلىندى.

جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى چىڭخەي ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ سابىق بانكا باشلىقى گو جېجۋاڭ، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى سەنشى ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ سابىق بانكا باشلىقى ۋاڭ شۈفېڭ، قاتناش بانكىسى خېبېي ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ما شياۋ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىچۈەن ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ۋۇ رۇي... 2020-يىلى «بانكا باشلىقىنىڭ موللاق ئېتىشى» كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان سۆزگە ئايلاندى، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سالمىقى سىجىل زورايتىلدى.

«پۇل مۇئامىلىدىكى زور خىيانەتچىلىك»نى قانۇن بويىچە جازالاشتا، نىشانىنى كۆرسىتىش ئىنتايىن ئېنىق بولدى — ئېغىر، زور پۇل مۇئامىلە خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك نازارەت قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

2020-يىلى 10-ئايدا، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى، ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «14-بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە جۇڭگونىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق، ھەتتا 15 يىللىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى پىلانلاندى.

پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت، نازارەت قىلىشتىكى مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قەتئىي بوشاشماي ئەمەلىيلەشتۈرۈش... پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، «14-بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا يېڭى تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. يېڭى مۇساپىدە تېخىمۇ مۈشكۈل، ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا، تېخىمۇ ئېنىقسىزلىققا ئىگە تاشقى مۇھىتتا، جەزمەن پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ تاۋلاش كېرەك.

يېڭى مۇساپىگە قايتا ئاتلىنىشتا، جەزمەن سىياسىي نازارەتچىلىكنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك ——

«بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشى دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس، قانۇنسىز كۆمۈر قېزىش ۋەقەسىدىن ئالغان ساۋاقلار ئۈستىدە ئويلىنىشى چوڭقۇر ئەمەس...» 2020-يىلى 11-ئاينىڭ 26-كۈنى، چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئىستىلدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك تۈزەش مەخسۇس ھەرىكىتىنى ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

بۇ قېتىمقى ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشتە، چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قاتارلىقلار 14 ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چىڭخەي خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى چىڭ كۆزلەپ، ئايرىم سۆزلىشىش، ئاممىنى زىيارەت قىلىش، تۆۋەندىكىلەرگە قاراش ئارقىلىق يۇقىرىدىكىلەرنى بىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى بايقاش، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا كۈچىدى.

پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا جەزمەن سىياسىي قۇرۇلۇشنى باش ۋەزىپە قىلىشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى كونكرېتلاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىق، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسەت-پەرمانلىرىنىڭ راۋانلىقىغا، پۈتۈن پارتىيەنىڭ قەدەمنى بىردەك ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېڭى مۇساپىگە قايتا ئاتلىنىشتا، جەزمەن خەلق مەركەز قىلىنغان تۈپ سىياسىي مەيداندا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك ——

«بەزىلەر كەنت بېشىدىكى بوش يەرگە ئۇزاق مەزگىل قالايمىقان ئەخلەت تۆكتى، بۇنى تۈزىگىلى بولامدۇ-يوق؟» «دۆلەت تارقاتقان ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ كەنتلەردە ئاشكارىلىنىشى ئىنچىكە بولمىدى، بەزىلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ...» 2020-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى، شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قۇتۇبى ناھىيەسى ھەر ئايدا بىر قېتىملىق «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەھۋال ئىنكاس قىلىش كۈنى»نى قەرەلدە ئۆتكۈزدى. كەنت ئاھالىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك كادىرلار كەنتلەرگە چۆكۈپ، خەلقنىڭ ساداسىنى يۈزتۇرا ئاڭلىدى، خەلقنىڭ گۇمانىغا جاۋاب بەردى، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

(ئاخىرى 4-بەتتە)